# تۇغۇت ئانىلىرى قوللانمىسى

# 接生员手册

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى باستۇردى

新疆维吾尔自治区卫生厅印

1986年1月

# 前　言

这本小册子讲的是新法接生的方法和一些有关接生的科学知识。“新法接生”是一种建立在科学基础上的接生方式，它能够有效地保障母亲和婴儿的安全与健康。

在我省广大农村、牧区，由于旧的习惯势力的影响，不少妇女生孩子还是用旧法接生，新生儿得破伤风、产妇患产褥热的也比较多。因此，对妇女、儿童的生命安全危害很大。

为保障妇女和儿童的身体健康，控制和消灭产褥热和新生儿破伤风，必须继续推广新法接生，逐步开展围产期保健，做到优生优育，以促进计划生育工作的开展。

为此，要求广大接生员必须认真学习，尽快掌握新法接生技术，并在今后工作中应用。

# كىرىش سۆز

بۇ كىچىك كىتاپتا يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ئىلمىي بىلىملەر سۆزلىنىدۇ. «يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش» بىر خىل ئىلمىي ئاساستا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزۇپ، ئۈنۈملۈك ھالدا ئانا بىلەن بالىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

ئۆلكىمىزدىكى كۆپلىگەن يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كونا قائىدە، ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەسىرى بولغانلىقتىن، ئاز بولمىغان ئاياللار يەنىلا كونا ئۇسۇلدا تۇغقاچقا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار قاتما كېسىلىگە، تۇغۇتلۇق ئاياللار تۇغۇت قىزىتمىسىغا گىرىپتار بولۇش نىسبەتى كۆپ بولۇپ. ئاياللار ۋە بالىلار ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپى چوڭ بولماقتا.

ئانا ۋە بالىلارنىڭ بەدەن ساغلاملىقىنى قوغداپ، تۇغۇت قىزىتمىسى بىلەن يېڭى

تۇغۇلغان بوۋاقلار قاتما كېسەلنى يوقىتىش ياكى كونترول قىلىش ئۈچۈن، يېڭى ئۇ-
سۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىشنى داۋاملىق ئومۇملاشتۇرۇپ پىرىناتال (تۇغۇت ئالدى -
كەيىندىكى) دەۋردىكى ساقلىقنى ساقلاشنى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇپ، سۈپەتلىك تۇغۇپ
ياخشى تەربىيەلەشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش-
نى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا كەڭ تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى خادىملاردىن ئەستا-
يىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش تېخنىكىسىنى تېز ئى-
گەللەپ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتتە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىمىز.

# 接生员工作职责

一、加强政治学习，提高思想觉悟，树立全心全意为人民服务的思想，热爱本职工作，接生时作到随叫随到，不推诿。

二、摸清本地区基本数据：如孕妇数、育龄妇女数、总人数、出生数、婴儿和产妇死亡数及育龄妇女节育措施落实等有关情况。

三、作好产前检查，在孕期六个月开始检查，每个孕妇要求检查3～5次。发现异常情况，要及时处理，防止胎位性难产的发生，并指导孕妇作好临产前准备，以达到安全分娩。

四、坚持科学接生操作规程，切实做到一躺（躺着生）、二检查（产前检查、产后访视）、三消毒（接生员双手、产妇外阴、脐带），四保护（保护会阴）。杜绝新生儿破伤风和产妇产褥热。

五、处理分娩过程中，严禁阴道检查和滥用催产素，以防感染和子宫破裂。第三产程中需注意胎盘剥离征象，不宜过早或用暴力牵拉脐带。胎盘娩出后须仔细检查胎盘胎膜是否完整。

六、产妇分娩后，接生员必须在产家观察两个小时后方可离去，在此期间随时注意产妇

的宫缩、出血情况以及指导产褥期保健。

七、认真做好产后访视，要求每个产妇访视三次，发现异常及时处理，并做好新生儿保健指导和宣传科学育儿知识。

八、爱护公物，接生用具不能私自挪用要保持整洁齐全，及时消毒，方便接生。

九、按时参加卫生院各种有关会议，不迟到早退，有事请假。并准备汇报各种数字，互相交流经验。

十、积极向群众宣传妇幼卫生、新法接生、晚婚晚育、计划生育等知识，并送避孕药具上门。

# تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچى خادىملارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى

1- سىياسى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈپ، تۇغۇت ۋاقتىدا كىم چاقىرسا شۇ هامان تەييار تۇرىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويماسلىق لازىم.

2- ئۆز رايونىنىڭ ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتىنى مەسىلەن: هامىلدار ئاياللار سانى، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار سانى، ئومۇمى ئادەم سانى، تۇغۇلغانلار سانى، بوۋاقلار بىلەن تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلگەن سانى، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ پىلانلىق تۇغۇش تەدبىرىنى ئەمەللەشتۈرۈش قاتارلىق مەناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىگەللەش.

3 - تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، هامىلدارلىق دەۋرىنىڭ 6 ئېيىدىن باشلاپ، هەر بىر هامىلدار ئايالنى 3 - 5 قېتىم تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. نورمالسىزلىق ئەھۋال كۆرۈلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، هامىلە ئورنى خاراكتېرلىق

قىيىن تۇغۇتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە ھامىلدار ئايالنىڭ تۇغۇشـ تىن بۇرۇنقى تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئامان - ئېسەن تۇغالايدۇ.

4- ئىلمىي ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش مەشغۇلات قائىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىرىنچىدىن يېتىپ تۇغۇش، ئىككىنچىدىن تەكشۈرۈش (تۇغۇشتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش تۇغۇتتىن كېيىن يوقلاپ كۆزىتىش)، ئۈچىنچىدىن دېزىنفېكسىيىلەش (تۇغۇت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئىككى قولى، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تاشقى جىنسى ئەزاسى، كىندىكى) تۆتىنچىدىن مۇھاپىزەت قىلىش (چات - ئارىلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش) قاتارلىقلارنى ھەقىقى ئىشلەپ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار قاتما كېسىلى بىلەن تۇغۇت قىزىتمىسىنى يوقىتىش لازىم.

5 - تۇغۇتنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا، جىنسى يولدىن تەكشۈرۈش بىلەن ئوكسىتوكسونومنى ئىشلىتىشنى قاتتىق چەكلەپ، يۇقۇملىنىش ۋە بالىياتقۇ يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. 3 - تۇغۇت جەريانىدا بالا ھەمرىيىنىڭ پۈتۈن ئاجرىلىشىغا دىققەت قىلىش، كىندىكنى بەك بالدۇر كۈچەپ تارتىۋەتمەسلىك لازىم.

بالا ھەمردىي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، بالا ھەمردىيى ھامىلە قىپىنىڭ تولۇق ياكى تو-
لۇق ئەمەسلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش لازىم.

6 - تۇغۇتلۇق ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇغۇت ئانىسى تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ
ئۆيىدە 2 سائەت كۆزەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئايرىلىپ كېتىش كېرەك. بۇ چاغدا تۇغۇت-
لۇق ئايالنىڭ بالىياتقۇسىنىڭ قىسقىراش ھەم قان چىقىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىپ،
تۇغۇتلۇق دەۋرىدىكى ساقلىقنى - ساقلاشقا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

7- تۇغۇتتىن كېيىنكى يوقلاشنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ ھەر بىر
تۇغۇتلۇق ئايالنى 3 قېتىم يوقلاپ كۆزىتىش تەلەپ قىلىنىپ، نورماللىسىزلىق ئەھۋال سې-
زىلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاشقا
يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا بالا تەربىيىلەشنى تەشۋىق قىلىش لازىم.

8 - ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى ئاسراپ، تۇغۇتقا ئىشلىتىدىغان سايمانىنى ئۆزى
خالىغانچە ئىشلەتمەي، پاكىز، رەتلىك قىلىپ ساقلاپ، ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيىلەش تۇغۇت
قوبۇل قىلىشقا ئوڭاي بولىدۇ.

9 - دوختۇرخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل يىغىنلىرىغا ۋاقتىدا قاتنىشىپ، كې-

# 目　　录

**第一章　女性生殖系统的解剖和生理**……………………（1）
第一节　女性生殖器……………………………………（1）
第二节　骨盆……………………………………………（9）
第三节　妇女一生各个时期……………………………（18）
第四节　月经和经期卫生………………………………（24）
**第二章　怀孕及孕期卫生**………………………………（28）
第一节　妇女怎么会怀孕………………………………（28）
第二节　怀孕有什么现象………………………………（31）
第三节　胎儿在子宫内怎样长大的……………………（34）
第四节　怀孕后要注意哪些事…………………………（36）
**第三章　产前检查**………………………………………（41）
第一节　为什么要重视产前检查………………………（41）
第二节　怎样做产前检查………………………………（50）

چىكمەسلىك، بالدۇر قايتماسلىق، ئىش بولسا رۇخسەت سوراش ھەمدە ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى دوكلات قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش كېرەك.

10 - ئانا- بالىلار تازىلىقى، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ تۇغۇش، پىلانلىق تۇغۇش قاتارلىق بىلىملەرنى ئاممىغا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تۇغۇت چەكلەش دورىلىرىنى ئىشىكلىرىگىچە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك.

چىكمەسلىك، بالدۇر قايتماسلىق، ئىش بولسا رۇخسەت سوراش ھەمدە ھەر خىل سانلىق مەلۇماتلارنى دوكلات قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش كېرەك.

10 - ئانا- بالىلار تازىلىقى، يېڭى ئۇ. ۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش، كېچىكمەي توي قىلىش، كېچىكمەي تۇغۇش، پىلانلىق تۇغۇش قاتارلىق بىلىملەرنى ئاممىغا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تۇغۇت چەكلەش دورىلىرىنى ئىشلىتىشكىچە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك.

# 目　　录

**第一章　女性生殖系统的解剖和生理**……………………（1）
第一节　女性生殖器……………………………………（1）
第二节　骨盆……………………………………………（9）
第三节　妇女一生各个时期……………………………（18）
第四节　月经和经期卫生………………………………（24）
**第二章　怀孕及孕期卫生**………………………………（28）
第一节　妇女怎么会怀孕………………………………（28）
第二节　怀孕有什么现象………………………………（31）
第三节　胎儿在子宫内怎样长大的……………………（34）
第四节　怀孕后要注意哪些事…………………………（36）
**第三章　产前检查**………………………………………（41）
第一节　为什么要重视产前检查………………………（41）
第二节　怎样做产前检查………………………………（50）

第三节　怎样计算预产期……………………………………………………（59）
**第四章　接　生**…………………………………………………………（63）
第一节　分娩预兆……………………………………………………………（63）
第二节　临产前的准备工作………………………………………………（66）
第三节　接生……………………………………………………………………（77）
第四节　分娩过程……………………………………………………………（101）
**第五章　接生时发生异常情况的处理**………………………………（106）
第一节　新生儿假死的急救………………………………………………（106）
第二节　急产……………………………………………………………………（113）
第三节　滞产……………………………………………………………………（115）
第四节　胎盘滞留……………………………………………………………（117）
第五节　产后出血的处理…………………………………………………（120）
第六节　难产的处理…………………………………………………………（123）
**第六章　产　后**…………………………………………………………（132）
第一节　观察产妇……………………………………………………………（132）
第二节　产后访视……………………………………………………………（135）
第三节　预防新生儿破伤风和产妇产褥热……………………………（141）

**第七章　计划生育知识**……………………………………………………（147）
第一节　器具避孕……………………………………………………（147）
第二节　药物避孕……………………………………………………（153）
第三节　安全期避孕…………………………………………………（161）
第四节　结扎手术……………………………………………………（164）
**第八章　注射技术**……………………………………………………（167）
第一节　皮内注射及青霉素过敏试验……………………………………（167）
第二节　肌肉注射……………………………………………………（175）
第三节　皮下注射……………………………………………………（179）
第四节　静脉注射……………………………………………………（182）

## مۇندەرىجە

1 - باپ: ئاياللار كۆپىيىش سىستېمىسىنىڭ ئاناتومىيىسى ۋە فىزىولوگىيىسى ... 3
1 - بۆلۈم ئاياللار كۆپىيىش ئەزاسى ........................ 3
2 - بۆلۈم داس سۆڭىكى ........................................ 11
3 - بۆلۈم ئاياللارنىڭ ھاياتىدىكى ھەر قايسى دەۋرى ................ 24
4 - بۆلۈم ھېيز كېلىش ۋە ھېيز دەۋرىدىكى تازىلىق ................ 29
2 - باپ: ھامىلدارلىق ۋە دامىلدارلىق دەۋرىدىكى تازىلىق ................ 33
1 - بۆلۈم ئاياللار قانداق ھامىلدار بولىدۇ ........................ 33
2 - بۆلۈم ھامىلدارلىق قانداق ھادىسە ........................ 36
3 - بۆلۈم ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە قانداق چوڭ بولىدۇ ................ 39
4 - بۆلۈم ھامىلدار بولغاندىن كېيىن قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلىش
كېرەك ........................................ 41

3 - باپ: تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش ........................ 47
1 - بۆلۈم نىمە ئۈچۈن تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىدۇ ........ 47
2 - بۆلۈم تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ ........ 56
3 - بۆلۈم ئاي كۈنى قانداق ھېساپلىنىدۇ ........................ 64
4 - باپ: تۇغۇت قوبۇل قىلىش ........................ 68
1 - بۆلۈم تۇغۇتنىڭ ئالدىدىكى ئالامەتلىرى ........................ 68
2 - بۆلۈم تۇغۇتتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمىتى ........................ 72
3 - بۆلۈم تۇغۇت قوبۇل قىلىش ........................ 85
4 - بۆلۈم تۇغۇت جەريانى ........................ 107
5 - باپ: تۇغۇت ۋاقتىدا يۈز بەرگەن نورمالسىزلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ........................ 113
1 - بۆلۈم يالغان ئۆلگەن يېڭى تۇغۇلغان بالىلارنى تېز قۇتقۇزۇش ........ 113
2 - بۆلۈم جىددى قۇتقۇزۇش ........................ 119
3 - بۆلۈم تۇغۇت ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىش ........................ 121

4 - بۆلۈم بالا ھەمرىنىڭ تۇرۇپ قېلىشى ........................ 124
5 - بۆلۈم تۇغۇتتىن كېيىن قان كېتىشنى بىر تەرەپ قىلىش ........................ 127
6 - بۆلۈم قىيىن تۇغۇتنى بىر تەرەپ قىلىش ........................ 131
6 - باپ: تۇغۇتتىن كېيىن ........................ 139
1 - بۆلۈم تۇغۇتلۇق ئايالنى كۆزىتىش ........................ 139
2 - بۆلۈم تۇغۇتتىن كېيىن يوقلاپ كۆزىتىش ........................ 142
3 - بۆلۈم بوۋاقلاردىكى قاتما كېسەلى بىلەن تۇغۇت قىزىتمىسىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ........................ 149
7 - باپ: پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى ........................ 154
1 - بۆلۈم ئەسۋاپ بىلەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ........................ 154
2 - بۆلۈم دورا بىلەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ........................ 160
3 - بۆلۈم بىخەتەر دەۋردىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ........................ 167
4 - بۆلۈم بوغۇش ئوپېراتسىيىسى ........................ 170
8 - باپ: ئوكۇل سېلىش تېخنىكىسى ........................ 175

1 - بۆلۈم تېرە ئىچىگە ئوكۇل سېلىش ھەم پېنىتسىللىنگە سەزگۈرلۈك سىنـ
قى ئىشلەش ........................................................ 175

2 - بۆلۈم مۇسكۇلغا ئوكۇل سېلىش ........................................ 181

3 - بۆلۈم تېرە ئاستىغا ئوكۇل سېلىش ...................................... 185

4 - بۆلۈم ۋېناغا ئوكۇل سېلىش ........................................... 188

# 第一章　女性生殖系统的解剖和生理

## 第一节　女性生殖器

妇女生殖器分为外生殖器和内生殖器。在身体表面可以看到的部分叫外生殖器；在身体里面的部分叫内生殖器。

外生殖器主要有阴阜、大阴唇、小唇阴、阴蒂、尿道口、阴道口和处女膜、会阴等（图一）。

**阴阜：**为一隆起的脂肪垫，位于耻骨联合的前面。它有肥厚的皮下脂肪，青春期后，上面生有阴毛。

**大阴唇：**在最外侧，左右各一片。上面与阴阜相连，下面逐渐变薄在会阴处相互连接。大阴唇一般自然靠近，遮盖阴道口。经产妇的大阴唇常常分离，老年人呈萎缩状。

**小阴唇：**位于大阴唇内侧，是一对薄的皱壁，颜色深、湿润。

**阴蒂：**位于外阴前端，两侧小阴唇之间。其上有丰富的神经末梢，感觉很灵敏。

**尿道口：**位于阴蒂下方及阴道口之上。

**阴道口和处女膜：**位于尿道口的下方，两侧小阴唇之间，也叫“产门”，往里通向阴道。阴道口盖着一层薄膜叫处女膜。

**会阴**：在阴道口和肛门之间，生孩子时，会阴常被胎头撑破。所以让产妇躺着生，便于保护会阴。

内生殖器有阴道、子宫、输卵管和卵巢。内生殖器和外生殖器是相通的（图2）。

**阴道**：是联接内外生殖器的一条通道，位于膀胱、尿道和直肠之间。阴道上端围绕子宫颈的部分叫阴道穹窿。阴道外口就是阴道口。平时阴道前后壁紧贴着，在生产时可以明显地扩大使胎儿通过。

**子宫**：子宫是胎儿坐胎发育的地方。它位于骨盆的中间，膀胱和直肠之间。它的外形象一个前后略扁倒放的梨。上部较宽称宫体，其上端隆突部分称子宫底。中间是空的称宫腔。子宫壁分三层：即浆膜层、肌层、内膜层。子宫前后左右有好多韧带维持子宫前倾前屈位置。

**输卵管**：子宫体两侧角各有一条细长、弯曲、空心的管子叫输卵管。是输送卵子到子宫里去的管道。

**卵巢**：输卵管下面各有一个枣子大小的东西叫卵巢。灰白色，表面凹凸不平。是产生卵子和女性激素的地方。性成熟期，每个卵巢有3～4万个卵细胞发育成熟。一般每月排出一个成熟卵子。卵子是人体最大的细胞。

# 1 - باپ: ئايالار كۆپىيىش سىستىمىسىنىڭ ئاناتومىيىسى ۋە فىزىولوگىيىسى

## 1 - بۆلۈم ئايالار كۆپىيەش ئەزاسى

ئايالار كۆپىيەش ئەزاسى — تاشقى كۆپىيەش ئەزاسى ۋە ئىچكى كۆپىيىش ئەزاسىغا بۆلىنىدۇ. بەدەن سىرتىدىن كۆرگىلى بولىدىغان قىسمى تاشقى كۆپىيەش ئەزاسى، بەدەن ئىچىدىكى قىسمى ئىچكى كۆپىيەش ئەزاسى دېيىلىدۇ.

تاشقى كۆپىيەش ئەزاسى ئاساسەن مۇھەببەت دۆڭچىسى، چوڭ لەۋ، كىچىك لەۋ، دىلچىق، سىيدۈك يول ئاغزى، جىنسى يول ئاغزى، قىزلىق پەردە، ئارىلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (1 - رەسىم)

مۇھەببەت دۆڭچىسى: بىر قەۋەت تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان ماي قاتلىمى بولۇپ، دۈۋسۈن سۆڭەك بىرلەشمىسىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان، ئۇنىڭدا قېلىن تېرە ئاستى ياغلىرى بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدىن كېيىن ئۈستىگە تۈك چىقىدۇ.

چوڭ لەۋ: ئەڭ سىرتقى تەرىپىدە ئوڭ ۋە سولدا بىر پارچىدىن بولىدۇ. يۇقۇرىدىن مۇھەببەت دۆڭچىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئاستىغا بارغاندا تەدرىجى نېپىزلەپ ئارىلىق قىسىم بىلەن تۇتۇشىدۇ. چوڭ لەۋلەر ئادەتتە تەبئى يېقىنلىشىپ جىنسى يول ئاغزىنى يېپىپ تۇرىدۇ. داۋاملىق تۇغۇپ تۇرغان ئاياللارنىڭ داۋاملىق ئېچىلىپ تۇرىدۇ. قېرىلارنىڭ يىگىلىگەن (قورۇلغان) هالەتتە تۇرىدۇ.

كىچىك لەۋ: چوڭ لەۋنىڭ ئىچكى تەرىپىگە جايلاشقان بىر جۈپ نېپىز پۇرمە دىۋارىدىن ئىبارەت، رەڭگى قېنىق، نەملىشىپ تۇرىدۇ.

دىلچىق: (ئالدىنقى دالان) تاشقى جىنسى ئەزانىڭ ئالدىنقى ئۇچى تەرىپىگە ئىككى تەرەپتىكى كىچىك لەۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىدە نېرۋا ئۇچلىرى كۆپ بولغانلىقتىن ناهايىتى سەزگۈر كېلىدۇ.

سۈيدۈك يول ئاغزى: دىلچىقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە، جىنسى يول ئاغزىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان.

جىنسى يول ئاغزى ۋە قىزلىق پەردە: سۈيدۈك يول ئاغزىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئىككى تەرەپتىكى كىچىك لەۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. «تۇغۇت يولى» دەپمۇ ئاتى-

لىدۇ. ئىچكىرلىگەنسېرى جىنسى يول بىلەن تۇتۇشىدۇ. جىنسى يول ئاغزىنى يېپىپ تۇر-
غان بىر قەۋەت نېپىز پەردەقىزلىق پەردە دېيىلىدۇ.

ئارىلىق: بۇ جىنسى يول ئاغزى بىلەن سوگىنىك ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بالا تۇغقان
چاغدا ئارىلىق داۋاملىق يىرتىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھامىلدار ئايالنى يېتىپ تۇغۇشقا
دەۋەت قىلىپ ئارىلىقنى مۇھاپىزەت قىلىش لازىم.

ئىچكى كۆپىيىش ئەزالىرى جىنسى يول، بالىياتقۇ، تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ۋە
تۇخۇمداندىن ئىبارەت. ئىچكى جىنسى ئەزاسى بىلەن تاشقى جىنسى ئەزاسى ئۆز ئارا
تۇتاشقان بولىدۇ. (2 - رەسىم)

جىنسى يول: ئىچكى ۋە تاشقى كۆپىيىش ئەزالىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىر يول
بولۇپ، قوۋۇق، سۈيدۈك يول ۋە توغرا ئۈچەي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. جىنسى يول
ئۈستىدىن بالىياتقۇ بوينىنى ئوراپ تۇرغان قىسمى جىنسى يول گۈمبىزى دەپ
ئاتىلىدۇ.

جىنسى يول سىرتقى ئاغزى: جىنسى يول ئاغزى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە جىنسى
يول ئالدى - كەينى تېمى چىڭ چاپلاشقان بولۇپ، تۇغۇش ۋاقتىدا ناھايىتى كۆرۈ-

نەرلىك كېڭىيىپ بالا تۇغۇلىدۇ.

بالىياتقۇ: بالىياتقۇ بولسا ھامىلە تۆرۈلۈپ تەرەققى قىلىدىغان ئورۇن بولۇپ، داس سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، قوۋۇق بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى خۇددى ئاغدۇرۇلۇپ قويۇلغان نەشپۈتكە ئوخشايدۇ. ئۈستۈنكى كەڭ قىسمى بالىياتقۇ تېنى بولۇپ، ئۈستىگە پولتىيىپ چىققان قىسمى بالىياتقۇ تۈۋى، ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق بالىياتقۇ بوشلۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. بالىياتقۇ تېمى شىرلىك پەردە قەۋىتى، مۇسكۇل قەۋىتى، ئىچكى پەردە قەۋىتىدىن ئىبارەت ئۈچ قەۋەتكە بۆلىنىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئالدى - كەينى ۋە ئوڭ - سول تەرەپلىرىدە نۇرغۇنلىغان تارتىمىشلار بولۇپ، بالىياتقۇنىڭ ئالدىغا ئېگىشىپ قېلىشى ۋە ئالدىغا ئېگىلىپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ.

تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى: بالىياتقۇ تېنىنىڭ ئىككى تەرەپ بۇلۇڭىدا بىردىن ئىنچىكە ئۇزۇن، ئەگرى، ئىچى بوش نەيچە بولۇپ، بۇ تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى دېيىلىدۇ. بۇ تۇخۇمنى تۇشۇپ بالىياتقۇ ئىچىگە ئېلىپ كىرىدىغان تۇرۇبا يولىدۇر.

تۇخۇمدان: تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىردىن چىلان چوڭلۇقىدىكى نەرسە بولۇپ، بۇ تۇخۇمدان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاقۇش كۆلرەڭ بولۇپ، يۈزى ئىن-

گىز - پەس تەكشى بولمايدۇ. ئۇ تۇخۇم بىلەن ئانىلىق ھورمۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇن. جىنسى ئەزا پىشىپ يېتىلگەن دەۋرىدە ھەر بىر تۇخۇمداندا 3-4 مىڭ تۇمەن تۇخۇم ھۈجەيرىسى پىشىپ يېتىلىدۇ. ئادەتتە ھەر ئايدا بىر پىشقان تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ. تۇخۇم ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ چوڭ ھۈجەيرە ھېساپلىنىدۇ.

图 1


1 - رەسىم.



卵巢
输卵管
子宫
膀胱
耻骨联合
阴阜
مۇھەببەت دۆڭچىسى
尿道口
سۈيدۈك يول ئاغزى.
大阴唇
چوك لەۋ.
小阴唇
كىچىك لەۋ.
阴道口
会阴
ئارىلىق. جىنسى يول ئاغزى
骶骨
子宫颈
后穹窿
直肠
子宫口
阴道
肛门
سوك

# 图 2　内生殖器

2 - رەسىم　ئىچكى كۆپەيىش ئەزالىرى



## 第二节　骨　　盆

1、骨盆的组成：骨盆由骶骨、尾骨和左右两块髋骨组成。在四块骨骼之间有坚固的关节，还有韧带或软骨连接固定。每块髋骨是由髂骨、耻骨和坐骨三部分构成）图3）。在腰下两边可以摸到凸出来的骨头叫髂骨。在阴阜上面可以摸到的骨头叫耻骨，耻骨正中间处叫耻骨联合。人坐着时在臀部上能摸到的两块骨头叫坐骨。骨盆有上下两个口，上口叫入口，呈椭园形，下口又叫出口，是由两个不同平面的三角形构成的。分娩时，胎儿从骨盆上口经过一定的转动，从下口娩出。

## 2 ـ بۆلۈم داس سۆڭىكى

1 ـ داس سۆڭىكىنىڭ تۈزۈلىشى: داس سۆڭىكى توققۇز كۆز سۆڭىكى، تۆغۈر سۆڭىكىدىن ئىبارەت ئوڭ ـ سول ئىككى پارچە يانپاش سۆڭىكىدىن تۈزۈلگەن، 4 پارچە يانپاش سۆڭەك ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم ھالقا بولۇپ، تارمۇش، كۆمۈرچەكلەرنى ئۇلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. ھەر بىر پارچە يانپاش سۆڭىكى، سۆڭەكچ سۆڭىكى، نومۇس سۆڭىكى، (دۇۋسۇن سۆڭىكى) ۋە ئولتۇرغۇچ سۆڭەكتىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تۈزۈلگەن (3 ـ رەسىم)

بەلنىڭ تۆۋەن ئىككى تەرىپىدىن قولغا ئۇرۇنىدىغان تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان سۆڭەك بېشى يانپاش سۆڭەك دېيىلىدۇ. مۇھەببەت دۆڭچىسىنىڭ ئۈستىدىن قولغا ئۇرۇنىدىغان سۆڭەك بېشى نومۇس سۆڭىكى (دۇۋسۇن سۆڭىكى) دېيىلىدۇ.

نومۇس سۆڭىكىنىڭ دەل ئوتتۇرىسى نومۇس سۆڭەك بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ. ئادەم ئولتۇرغان چاغدا يانپاش قىسمىنىڭ ئۈستىدىن قولغا ئۇرۇنىدىغان ئىككى پارچە سۆڭەك بېشى ئولتۇرغۇچ سۆڭەك دېيىلىدۇ. داس سۆڭىكىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدا ئىككى

ئېغىز بولۇپ، ئۈستىدىكى ئېغىز كىرىش ئېغىزى دېيىلىپ يۇمۇلاق شەكىلدە بولىدۇ. ئاستىدىكى ئېغىز چىقىش ئېغىزى دېيىلىپ، ئىككى يۈزى ئوخشاش بولمىغان تەكشىلىكتىكى 3 بۆرجەك شەكىلدىن تۈزۈلگەن. تۇغۇش ۋاقتىدا ھامىلە داس سۆڭىكى ئۈستۈنكى ئېغىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاندىن ئاستىنقى ئېغىزىدىن تۇغۇلىدۇ.

图 3 رەسىم - 3

骼骨 يانپاش سۆڭەك،

骶骨، توققۇزكۆز سۆڭەك

尾骨، قۇيرۇق سۆڭەك،

骨盆腔، داس بوشلىغى

股骨 يوتا سۆڭەك،

坐骨结节 ئولتۇرغۇچ

سۆڭەك تۇگۇنى



耻骨联合 نومۇس سۆڭەك بىرلەشمىسى

## 2、怎样测量骨盆

骨盆的大小形状，是胎儿分娩能不能顺利进行的重要因素之一，常常由于骨盆狭窄、畸形或头盆不称而造成难产。因此在进行第一次产前检查时，必须对孕妇进行详细的骨盆外测量，估计骨盆的大小和形状，如发现骨盆有不正常现象或头盆不称等情况，要在临产前一月，再做详尽骨盆测量（包括骨盆内测量及X线骨盆测量），以便确定诊断，决定分娩方式。

骨盆外测量：一般用马丁氏骨盆测量器，测量时分开其两端，分别放于所测量径线之定点外缘，视标尺数即得所量径线。

（1）髂棘间径：两侧髂前上棘外缘之间的距离，正常值为23—26厘米，平均为24厘米（图4）。

（2）髂脊间径：两侧髂脊之间最大距离点的外缘，正常值为25—28厘米，平均为26厘米（图5）。

（3）骶耻外径：从第五腰椎棘突下至耻骨联合上缘正中点之间的距离。正常值为18.5—20厘米，平均为19厘米。此径代表骨盆入口前后径的大小。如短于18厘米，应做骨盆内测量（图6）。

（4）坐骨结节间径：就是骨盆出口横径，是两侧坐骨结节内侧之间的距离。正常值为8.5—9.5厘米，平均为9厘米，若短于8厘米，应测后矢状径。若无坐骨测量器，可用一手握拳，如能放入两坐骨结节之间，那么出口横径就大于8厘米（图7）。

（5）耻骨弓：此径线与出口横径密切相关，正常在80°—90°之间（也就是方桌子角那么大）两拇指尖斜着对拢，放在阴阜的正中间（耻骨联合下缘处），左右两拇指平放在耻骨左右下斜的部分，看成什么的角度。如果小于８０度，就是骨盆狭窄。

骨盆内测量：略（一般到有条件的医院去做）。

## 2 - داس سۆڭىكى قانداق ئۆلچىنىدۇ

داس سۆڭىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ھامىلىنىڭ ئوڭۇشلۇق ياكى ئوڭۇشسىز تۇغۇلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلىنىڭ بىرسى بولۇپ، داس سۆڭىكىنىڭ تار بولىشى، كەمتۈكلىكى ھەم باشنىڭ ماس كەلمەسلىكى قىيىن تۇغۇتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا تۇغۇتتىن بۇرۇن دەسلەپ تەكشۈرگەندە ھامىلدار ئايالنىڭ داس سۆڭىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىرتتىن ئۆلچەش زۆرۈر. داس سۆڭىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە شەكلىنى مۆلچەرلەشتە ئەگەر داسنىڭ نورماللىسىزلىق ھادىسىسى ياكى باشنىڭ ماس كەلمەسلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار سېزىلسە تۇغۇتتىن بىر ئاي بۇرۇن داس سۆڭىكىنى قايتا ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆلچەپ (بۇ — داس سۆڭىكىنى ئىچىدىن ئۆلچەش، × نۇرى بىلەن داس سۆڭىكىنى ئۆلچەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىئاگنوزىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۇغۇش ئۇسۇلىنى بېكىتىش لازىم.

داس سۆڭىكىنى سىرتتىن ئۆلچەش: ئادەتتە مارتىن داس سۆڭىكىنى ئۆلچىگۈچ ئەسۋاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۆلچەيدىغان چاغدا ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئايرىپ، ئايرىم-ئايرىم

هالدا ئۆلچەمچى بولغان دىئامېتىر سىزىغىنىڭ بەلگىلەنگەن نۇقتىسىدىكى سىرتقى گىرۋەككە قويۇلغاندىن كېيىن، ئەسۋاپتىكى كۆرۈنگەن سان ئۆلچەنگەن دىئامېتىر سىزىغى بولىدۇ.

1) يانپاش سۆڭەك بېشىنىڭ ئارىلىق دىئامېتىرى: ئىككى تەرەپ يانپاش سۆڭەك ئالدى ئۈستۈنكى بېشىنىڭ سىرتقى گىرۋەك ئارىسىدىكى ئارىلىق بولۇپ. ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 26 – 23 س م، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 س م كېلىدۇ. (4 – رەسىم)

2) يانپاش سۆڭەك قىرى ئارىلىق دىئامېتىرى: ئىككى تەرەپ يانپاش سۆڭەك قىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئارىلىقتىكى نۇقتىنىڭ سىرتقى گىرۋىكىدە بولۇپ، نورمال قىممىتى 28 – 25 س م. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26 س م كېلىدۇ. (5 – رەسىم)

3) تۇققۇز كۆز، نومۇس سۆڭەك سىرتقى دىئامېتىرى: 5 – بەل ئومۇرتقا بىس ئۆسۈكچىسىنىڭ تۆۋىنىدىن، نومۇس سۆڭەك بىرلەشمىسىنىڭ ئۈستۈنكى گىرۋىكى ئوتتۇرىسىدىكى نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، ئۇنىڭ نورمال قىممىتى 20 – 18.5 س م ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19 س م كېلىدۇ. بۇ دىئامېتىر داس سۆڭىكىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئالدى – كەينى دىئامېتىرىنىڭ چوڭ – كىچىكلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەگەر

18 س م دىن قىسقا بولسا داس سۆڭىكىنى ئىچىدىن ئۆلچەش لازىم. (6 ـ رەسىم)

4) ئولتۇرغۇچ سۆڭەك توكۇن ئارىلىق دىئامېتىرى: بۇ داس سۆڭەك چىقىش ئې-غىزىنىڭ توغرا دىئامېتىرى، ئىككى ياندىكى ئولتۇرغۇچ سۆڭەك توكۇنى ئىچكى يان تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بولۇپ، نورمال قىممىتى 9.5 ـ 8.5 س م. ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 9 س م كېلىدۇ. ئەگەر 8 س م دىن قىسقا بولسا ئارقا ئوقسىمان دىئامېتىردىن ئۆلچەش كېرەك. ئولتۇرغۇچ سۆڭەكنى ئۆلچىگۈچ بولمىسا بىر قولنىڭ مۇشتىمىنى توكۇپ ئىككى ئولتۇرغۇچ سۆڭەكنىڭ توكۇنى ئارىلىقىغا كىرگۈزگىلى بولسا ئۇ چاغدا چىقىش ئاغزىنىڭ توغرا دىئامېتىرى 8 س م دىن چوڭ بولىدۇ (7 ـ رەسىم)

5) دۇقسۇن سۆڭەك يايىسى. بۇنىڭ دىئامېتىر سىزىقى داس سۆڭەك چىقىش ئې-غىزىنىڭ توغرا دىئامېتىرى بىلەن ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، نورمال بولغان-دا 90° ـ 80° ئارىلىقىدا (جوزا بۇرجىكىنىڭ چوڭلۇقىدا) بولىدۇ. ئىككى باش بار-ماق ئۇچىنى يانتۇ قىلىپ جۈپلەپ، مۇھەببەت دۆڭچىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، نومۇس سۆڭەك بىرلەشمىسىنىڭ تۆۋەنكى گىرۋىكىگە، ئوڭ ـ سول ئىككى باش بارماق-نى تەكشى قىلىپ نومۇس سۆڭىكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپ تۆۋەنكى قىيپاش قىسمىغا

تۈز قويۇپ قانداق هالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرگەندە 80° تىن كىچىك بولسا داس سۆ-
ڭىكىنىڭ تار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

داس سۆڭىكىنى ئىچىدىن ئۆلچەشنى (ئادەتتە شەرت - شارائىتى بار دوختۇر-
خانىغا بېرىپ ئۆلچىتىش لازىم)

## 骨盆测量

## داسنى ئۆلچەش

图 4.
髂棘间径：两髂前上棘外缘间的距离平均为24厘米。




图 5
髂嵴间径：两髂嵴外缘间的距离平均为26厘米。

4 - رەسىم: يانپاش سۆڭەك بېشىنىڭ ئارىلىق دىئامېتىرى. ئىككى تەرەپ يانپاش سۆڭەك ئالدى ئۈستۈنكى بېشىنىڭ سىرتقى گىرۋەك ئارىسىدىكى ئارىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 24 س م كېلىدۇ.

5 - رەسىم: يانپاش سۆڭەك قىرى ئارىلىق دىئامېتىرى: ئىككى تەرەپ يانپاش سۆڭەك قىرى سىرتقى گىرۋىكى ئارىسىدىكى ئارىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 26س م كېلىدۇ.




图6

骶耻外径：第五腰椎棘突下至耻骨联合上缘的距离平均为19厘米。

6 - رەسىم: توققۇز كۆز، نومۇس سۆڭەك

سىرتقى دىئامېتىرى: 5 - بەل ئومۇرتقا

بىس ئۆسۈكۈچەسىنىڭ تۆۋىنىدىن نومۇس

سۆڭەك بىرلەشمىسىنىڭ ئۈستۈنكى گىر

ۋىگىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، ئوت-

تۇرا ھېساپ بىلەن 19 س م كېلىدۇ.

图7。

坐骨结节间径：两坐骨结节内侧的距离平均为9厘米，

7 - رەسىم: ئولتۇرغۇچ سۆڭەك تۈگۈن

ئارىلىق دىئامېتىرى: ئىككى ئولتۇرغۇچ

سۆڭەك تۈگۈنى ئىچكى يان تەرىپىدىكى

ئارىلىق بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 9

س م كېلىدۇ.

## 第三节　妇女一生各个时期

1．新生儿期：出生后一个月内叫新生儿期。此期有的女孩子可出现与月经相似的少量阴道流血和乳汁分泌。这是由于新生儿的血循环脱离母体后，其血液中性激素迅速下降的原因。这些现象都能在短时间内消失。

2．幼年期：从两个月至七岁是幼年时期的早期，七岁至十二岁是幼年时期的晚期。

幼年的早期：从两个月到七岁左右，此期身体发育较快，但生殖器管并不发育。因此阴道内酸度低，抗病力较弱，此期穿开裆裤，阴道容易感染，幼儿易患外阴阴道炎。

幼年的晚期：从七岁起，身体的发育较快。女性第二性征也开始出现，皮下脂肪在胸、臀、肩及耻骨前区积聚，骨盆变得宽大，乳房也开始发育。

3．青春期：从月经来潮至生殖器官发育成熟，一般在13～18岁之间，称为青春期。这个时期的特点是身体和生殖器管发育很快，月经也开始出现，并向性成熟期过渡。

4．生育期（性成熟期）：18岁左右卵巢开始排卵，生殖器管与卵巢内分泌功能发育旺盛，可以持续三十年左右。此期除卵巢有周期性排卵和分泌性激素外，生殖器管甚至整个身体都有不同程度的周期性变化。表现最明显的为月经规律，有生育能力。

5．更年期：这是卵巢功能逐渐衰退，生殖器管开始萎缩的一个过渡时期。突出表现为经常性的闭经，最后绝经。一般发生在45～50岁，平均年龄为４８岁。这个时期长短不一，

可由几个月到几年，多数人绝经前后没有任何症状或很轻，并不影响身体健康和日常工作，但也有少部分人症状比较严重，称为更年期综合症。

6．老年期：指55岁以后的妇女，此期整个身体发生老年性改变，生殖器管萎缩。阴道上皮糖原消失而变为硷性，所以容易发生老年性阴道炎，甚至发生老年性子宫内膜炎等。

因此老年妇女应与婴幼儿一样，要特别重视外阴卫生，一有炎症发生及时治疗。并定期做妇科检查，便于早期发现生殖器官肿瘤。

## 3 - بۆلۈم ئايالارنىڭ ھاياتىدىكى ھەر قايسى دەۋرى

1 - يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىق دەۋرى: تۇغۇلۇپ بىر ئايغىچە بولغان ۋاقىت. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە بەزى قىز بالىلارنىڭ جىنسىي يولىدىن ھېيىز قېنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاز مىقداردىكى خۇن كېلىدۇ ھەم كۆكسىدىن سۈت چىقىدۇ. بۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىكى قان ئايلىنىشىنىڭ ئانا تېنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، قاندىكى جىنسىي ھورمونلارنىڭ تېزلىك بىلەن تۆۋەنلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر. بۇ ھادىسىلارنىڭ ھەممىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يوقاپ كېتىدۇ.

2 - كۆدەكلىك دەۋرى: ئىككى ئايلىقتىن تارتىپ 7 ياشقىچىلىك دەسلەپكى كۆدەكلىك دەۋرى، 7 ياشتىن 12 ياشقىچە ئاخىرقى كۆدەكلىك دەۋرى بولىدۇ.

دەسلەپكى كۆدەكلىك دەۋرى: ئىككى ئايلىقتىن تارتىپ 7 ياش ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بەدەننىڭ ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. لېكىن جىنسىي ئەزالار تېخى يېتىلمىگەن بولىدۇ. شۇڭا جىنسىي يول ئىچىنىڭ كىسلاتالىق دەرىجىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن كېسەلگە قارشىلىق كۈچى ئاز بولىدۇ. بۇ چاغدا ئېغىر ئۇچۇق ئىشتان كېيگەن بالىلارنىڭ جىنسىي

يولى ئاسان يۇقۇملىنىپ، تاشقى جىنسى يول ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ دەۋرىدە بالىلارغا ئىشتان كىيگۈزۈش لازىم.

ئاخىرقى گۈدەكلىك دەۋرى: 7 ياشتىن باشلاپ بەدەنىنىڭ ئۆسۈشى نىسبەتەن تېز بولىدۇ. قىزلاردا 2 - جىنسى ئالامەت كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. تېرە ئاستى ياغلىرى، كۆكرەك، يانپاش، مۈرە ۋە دوۋسۇن سۆڭەك رايونلىرىغا يىغىلىشقا باشلايدۇ. داس سۆڭىكى كېڭىيىدۇ. ئەمچىكىمۇ تەرەققى قىلىشقا باشلايدۇ.

3 - ياشلىق دەۋرى: ھېيىز كەلگەندىن باشلاپ جىنسى كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنگە قەدەر بولۇپ، ئادەتتە 13 - 18 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ياشلىق دەۋرى دېيىلىدۇ. بۇ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بەدەن بىلەن جىنسى كۆپىيىش ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى تېز بولىدۇ. ھېيىز كېلىشكە باشلايدۇ. ھەمدە جىنسى يېتىلىشىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىگە كىرىدۇ.

4 - تۇغۇش دەۋرى: (جىنسى ئىقتىدارى پىشىپ يېتىلگەن دەۋرى): 18 ياش ئەتراپىدا تۇخۇمدان تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشقا باشلاپ، جىنسى كۆپىيىش ئەزاسى بىلەن تۇخۇمدان سىكرېتسىيە خىزمىتىنىڭ يېتىلىشى ئۆزلەيدۇ. بۇ ئەھۋال 30 يىل ئەترا-

پەيدا داۋاملىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۇخۇمدان دەۋر خاراكتېرلىق تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋە جىنسىي ھورمونلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىشتىن باشقا جىنسىي كۆپىيىش ئەزالىرى ھەم پۈتۈن بەدەندە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دەۋر خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ. بۇ ھېيىزنىڭ تەرتىپلىك كېلىشى ۋە تۇغۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

5 - ھېيز كېسىلىش دەۋرى: بۇ چاغدا تۇخۇمداننىڭ ئىقتىدارىدىن تەدرىجىي ئاجىزلاپ جىنسىي كۆپىيىش ئەزالىرى يىگىلەشتەك ئۆتكۈنچى دەۋرگە كىرىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسى ھېيز تەدرىجىي ئازىيىپ ئەڭ ئاخىرىدا توختاپ قالىدۇ. بۇ ئادەتتە 50 - 45 ياشتىكىلەردە پەيدا بولۇپ، ئوتتۇرىچە يېشى 48 ياش بولىدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشى ئوخشاش بولمايدۇ. بىر نەچچە ئايدىن، بىر نەچچە يىلغىچە بولىدۇ. كۆپ ساندىكىلەردە ھېيز توختاشنىڭ ئالدى - كەينىدە ھېچقانداق سىمپتوملار بولمايدۇ. ياكى ناھايىتى يېنىك ئالامەتلەر بولىدۇ. سالامەتلىك ۋە كۈندىلىك خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. لېكىن يەنە ئاز ساندىكىلەردە سىمپتوملىرى

نىسبەتەن ئېغىر بولىدۇ. بۇ ھېيىز كېسىلىش دەۋرى يىغىندا كېسەللىك ئالامىتى دېيىلىدۇ.

6 - قېرىلىق دەۋرى: 55 ياشتىن ئاشقان ئاياللارنىڭ بۇ دەۋرىدە پۈتۈن بەدىنىدە قېرىلىق ئۆزگىرىشى پەيدا بولىدۇ. جىنسى كۆپىيىش ئەزالىرى يىگىلەيدۇ. جىنسى يول ئېپىتىلىيىسى بىلەن گىلوكوگېن تۆكەپ ئىشقار خاراكتېرىگە ئۆزگىرىدۇ. شۇڭلاشقا ئاسانلا قېرىلىقتىكى جىنسى يول ياللۇغى ھەتتا قېرىلىق خاراكتېرلىق بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى پەيدا بولىدۇ.

شۇڭا ياشانغان ئاياللار خۇددى بۇۋاق بالىلارغا ئوخشاش بولۇپ، سىرتقى جىنسى ئەزانىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ياللۇغلىنىش پەيدا بولسا ۋاقتىدا داۋالاپ، ئاياللار بۆلۈمىدە قەرەللىك تەكشۈرۈلسە، جىنسى كۆپىيىش ئەزالىرىدىكى ئۆسمىنى بالدۇر بايقىغىلى بولىدۇ.

## 第四节　月经和经期卫生

月经：女孩子到了13—14岁时，卵巢开始每月排出卵子一次。在每次排卵的前六至七天，子宫内膜慢慢变厚，血管扩张，卵子排出后，内膜就变得更厚。如果卵子遇着精子，种在内膜上就是受孕；如果没有受孕，子宫内膜血管破裂，内膜脱落，这时会有血从子宫流出体外，这就是月经。在正常情况下，每隔28—30天来一次月经，每次来的时间是3—5天，呈暗红色，不凝固、无臭味，除了怀孕、喂奶期间或有病的妇女，一般都应每月来一次。

来月经的前几天或正在行经期间，由于子宫充血的缘故，有些妇女会感到腹胀、腰酸等，这是正常现象。

经期卫生：来月经时，下身要干净，要用干净的普通月经带和手帕式月经带（图8），里面垫上干净的纸或布；最好能用温热水洗洗下身。月经期间注意不要受凉，不下冷水，免得受刺激而引起闭经。更不要淌水过河，因为如有脏水进入阴道，会使生殖器发炎，来月经时不能同房，这时同房，就会将病菌带进去，引起生殖器发炎，同时也会使经血增多。

## 4 - بۆلۈم ھېيز كېلىش ۋە ھېيز دەۋرىدىكى تازىلىق

ھېيز كېلىش: قىز بالا 14 - 13 ياشقا كەلگەندە تۇخۇمدان ھەر ئايدا بىر قېتىم تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشقا باشلايدۇ. ھەر قېتىم تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشتىن 7 - 6 كۈن بۇرۇن بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسى ئاستا - ئاستا قېلىنلاپ قان تومۇرلار كېڭىيىدۇ، تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن ئىچكى پەردە تېخىمۇ قېلىنلايدۇ. ئەگەر تۇخۇم بىلەن ئۇرۇق ئىچكى پەردە ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالسا ھامىلدار بولۇپ قالىدۇ. ھامىلدار بولمىسا بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىدىكى قان تومۇرلار يېرىلىپ ئىچكى پەردە سويۇلىدۇ. بۇ چاغدا قان بالىياتقۇدىن ئېقىپ سىرتقا چىقىدۇ. مانا بۇ ھېيزكېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. نورمال ئەھۋال ئاستىدا ھەر بىر 30 - 28 كۈندە بىر قېتىم ھېيز كېلىدۇ. ھەر بىر قېتىم ھېيزنىڭ كېلىش ۋاقتى 5 - 3 كۈن بولۇپ، رەڭگى قىزىل كېلىدۇ، قاتمايدۇ. سېسىق پۇراق بولمايدۇ، ھامىلدارلىق، بالا ئېمىۋاتقان مەزگىلدە ۋە كېسىلى بار ئاياللاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىدە ئايدا بىر قېتىم ھېيز كېلىدۇ.


ھېيز كېلىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن ياكى ھېيز كەلگەن ۋاقىتتا بالىيات-

قوغا قان تولغانلىق سەۋەبىدىن بەزى ئاياللاردا قوساق كۆپۈش، بەل سىقىراپ ئاغ- رىش سېزىمى بولىدۇ، بۇ نورمالنى ھادىسىدۇر.

ھېيىز دەۋرىدىكى تازىلىق: ھېيىز كەلگەن ۋاقىتتا بەدەننىڭ تۆۋەن تەرىپىنى پاكىزە تۇتۇش لازىم. پاكىز، ئاددى ھېيىز بەلۋېغىنى تۇتۇش ياكى قول ياغلىق شەك- لىدىكى ھېيىز بەلۋېغىنى ئىشلىتىش لازىم. (8 - رەسىم)

ھېيىز بەلۋېغىغا پاكىز قەغەز ياكى لاتا تۇتۇش، ئەڭ ياخشىسى ئىلمان سۇ بىلەن بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى يۇيۇپ بېرىش، ھېيىز كەلگەن چاغدا سوغ تېگىپ قالماسلىققا دىققەت قىلىپ، غىدىغلىنىشقا ئۇچراپ ھېيىز توختاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سوغ سۇغا چۈشمەسلىك لازىم. ئېقىپ تۇرغان سۇغا تېخىمۇ چۈشمەسلىك لازىم. چۈنكى پاسكىنا سۇلار جىنسى يولغا كىرىپ كېتىپ جىنسى كۆپەيمىش ئەزالىرىنىڭ يال- لۇغلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھېيىز كەلگەندە جىنسى مۇناسىۋەت قىلماسلىق لازىم. جىنسى مۇناسىۋەتتە بولغاندا كېسەل مىكروبىنى بىللە ئېلىپ كىرىپ جىنسى كۆپەيمىش ئەزالىرىنىڭ ياللۇغىنى قوزغايدۇ، ھەمدە خۇن كۆپ كېلىپ كېتىدۇ.

图 8




常用月经带

دائىملىق ئىشلىتىدىغان ھەيز بەلۋېغى

# 第二章　怀孕及孕期卫生

## 第一节　妇女怎么会怀孕

卵巢每月排出一个成熟卵子。当男女同房时，男子排出的精液中有许多精子，由阴道进入子宫到输卵管，如果遇到卵子，就结合为受精卵或孕卵，由于输卵管的蠕动，将受精卵慢慢输送到子宫腔，在子宫内膜里着床，经过二百八十天左右，逐渐发育成为胎儿（图9、10、11）。

# 2 - باپ: ھامىلدارلىق ۋە ھامىلدارلىق دەۋرىدىكى تازىلىق

## 1 - بۆلۈم ئاياللار قانداق ھامىلدار بولىدۇ


تۇخۇمدان ھەر ئايدا بىر قېتىم پىشىپ يېتىلگەن تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئەر - ئايال بىللە مۇناسىۋەتتە بولغاندا، ئەر ئىشلەپچىقارغان مەنى سۇيۇقلۇقىدىكى نۇرغۇن ئۇرۇق جىنسى يولدىن بالىياتقۇغا كىرىپ تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا تۇخۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئۇرۇقلانغان تۇخۇمغا ئايلىنىپ تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسىنىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتى بىلەن ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى ئاستا - ئاستا بالىياتقۇ بوشلۇقىغا توشۇپ بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىدە ئورۇنلىشىدۇ، 280 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تەدرىجى ھامىلە بولۇپ يېتىلىدۇ. (9 - 10 - 11 - رەسىم)

9 图放大的精子和卵子

9 - رەسىم چوڭايتىلغان ئۇرۇق بىلەن تۇخۇم.

图11.
胎儿

11 - رەسىم ھامىلە




10-رەسىم ئۇرۇق بىلەن تۇخۇمنىڭ تۇخۇم تۇشۇش نەيچىسى ئىچىدە ئۇچرىشىشى

## 第二节　怀孕有什么现象

怀孕初期（头三个月）：

有停经史，平时月经正常的妇女，突然不来月经，身子发懒、小便勤，或早上起来有恶心不想吃东西，想吃点酸、辣或甜的东西；而且乳房有些胀，奶头周围变黑，有时还可以挤出点清奶水，外阴变紫褐色。

怀孕三个月后：早晨排空膀胱后，在耻骨联合上可以摸到包块，那就是子宫。四个多月感到有胎动，同时可以听到轻微的胎儿心跳。

怀孕六个月后，子宫底和肚脐平，可以摸到胎儿头、脊背、四肢和臀。胎动明显，胎儿心跳也听得更清楚。如果听不到胎心或胎动消失，孕妇出现口臭等症状，感觉肚子缩小，应马上到医院做详细检查。

## 2 - بۆلۈم ھامىلدارلىق قانداق ھادىسە

ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (دەسلەپكى 3 ئېيى): ھېيىز توختاش تارىخى بولۇپ، ئادەتتە ھېيىز نورمالنى بولغان ئاياللاردا تۇيۇقسىزلا ھېيىز كەلمەيدۇ. بەدىنى بوشاپ ئىش خوش ياقماس بولۇپ قالىدۇ. پات - پات سىيىدۇ ياكى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا كۆڭلى ئېلىشىپ بىر نەرسە يېگۈسى كەلمەيدۇ. ئازراق چۈچۈمەل، ئاچچىق ياكى تاتلىق نەرسە يېگۈسى كېلىدۇ. ئەمچىكى ئازراق چىڭقىلىدۇ، ئەمچەك تۈگمىسىنىڭ چۆرىسىگە قارا داغ چۈشىدۇ. سىققاندا بەزىدە سۈزۈك سۈت چىقىدۇ. تاشقى جىنسى ئەزا سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

ھامىلدار بولۇپ 3 ئايدىن كېيىن ئەتتىگەندە كىچىك تەرەت قىلىپ دوۋسۇن بوشىغاندىن كېيىن، دوۋسۇن سۆڭەك بىرلەشمىسى ئۈستىدىن بىر مونەكچىنى سىلاپ بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ بالىياتقۇ ھېساپلىنىدۇ. 4 ئاي بولغاندا ھامىلىنىڭ مىدىرلىغانلىقىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە سۈس ھامىلىنىڭ يۈرەك ئۇرۇشىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ھامىلدار بولۇپ 6 ئايدىن كېيىن بالىياتقۇ تۈۋى كىندىك بىلەن تەڭلىشىدۇ. بۇ

چاغدا بالىنىڭ بېشى، دۈمبىسى، پۇت - قولى ۋە ساغرىسىنى تۇتۇپ بىلگىلى بولىدۇ. ھامىلىنىڭ مىدىرلىشى ئېنىق بولۇپ، ھامىلىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر ھامىلە يۈرەك سوقۇشى ئاڭلانمىسا ۋە ھامىلە مىدىرلىماي، ھامىلدار ئايالنىڭ ئاغزى سېسىق پۇراشتەك ئالامەتلەر بولۇپ، قورسىقى كىچىكلەپ كەتسە دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىنچىكىلەپ بىلەن تەكشۈرۈش لازىم.

## 第三节　胎儿在子宫内怎样长大的

胎儿的肚脐眼上连着一条带子，叫脐带。脐带的另一端连着胎盘（衣胞）。胎盘紧贴在子宫壁上，母亲身上的营养，通过子宫壁和胎盘之间血液进入脐带的血管，输送到胎儿身上，使胎儿生长发育，同时将胎儿身体里的废物又经过脐带和胎盘运送到母体里，由母体排出体外。在胎儿外面包有一层薄膜叫胎膜（浆）胞，里面有羊水，所以胎儿在子宫里能浮动，不会和周围的胎膜、子宫壁粘在一起。

## 第三节　胎儿在子宫内怎样长大的

胎儿的肚脐眼上连着一条带子，叫脐带。脐带的另一端连着胎盘（衣胞）。胎盘紧贴在子宫壁上，母亲身上的营养，通过子宫壁和胎盘之间血液进入脐带的血管，输送到胎儿身上，使胎儿生长发育，同时将胎儿身体里的废物又经过脐带和胎盘运送到母体里，由母体排出体外。在胎儿外面包有一层薄膜叫胎膜（浆）胞，里面有羊水，所以胎儿在子宫里能浮动，不会和周围的胎膜、子宫壁粘在一起。

## 3 - بۆلۈم ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە قانداق چوڭ بولىدۇ

ھامىلىنىڭ كىندىكىگە ئۇلۇشۇپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر تال بەلۋاغ كىندىك دېيىلىدۇ. كىندىكنىڭ يەنە بىر ئۇچى بالا ھەمرىيىگە تۇتۇشىدۇ. بالا ھەمرىيى بالىياتقۇ تېمى ئۈستىگە چىڭ چاپلاشقان بولۇپ، ئانا بەدىنىدىكى ئوزۇقلۇق بالىياتقۇ تېمى ۋە بالا ھەمرىيى ئوتتۇرىسىدىكى قان ئارقىلىق كىندىك تومۇرىغا كىرىپ، ھامىلىنىڭ بەدىنىگە ئۆتىدۇ. ئاندىن ھامىلە ئۆسۈپ يېتىلىش بىلەن بىرگە ھامىلىنىڭ بەدىنىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر كىندىك بىلەن بالا ھەمرىيى ئارقىلىق ئانا بەدىنىگە توشۇلۇپ، ئانا تېنى ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىلىدۇ. ھامىلىنىڭ سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت نېپىز پەردە بولۇپ ھامىلە قېپى دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە باش سۇيى بولغاچقا ھامىلە بالىياتقۇ ئىچىدە مىدىرلاپ، ئەتراپىدىكى ھامىلە قېپى ۋە بالىياتقۇ تېمى بىلەن چاپلىشىپ قالمايدۇ.

## 第四节 怀孕后要注意哪些事？

1．劳动和休息：健康的孕妇可以照常工作和劳动。在农村应注意调“轻”不调“重”，避免重体力劳动，保证足够的睡眠时间。

2．饮食： 多吃营养丰富，易消化的食物。如新鲜蔬莱、豆类、蛋和肉等，少吃刺激性酸辣食物，后期少吃食盐防止浮肿（图12）。

3．衣服： 宜宽大、舒适，不要穿得太紧，更不要用带子紧扎腰上，这样会影响胎儿发育。

4．怀孕七个月后，勤用温水洗奶头，使奶头皮肤坚韧，防止皲裂感染，如果奶头凹陷进去，每次洗奶头时要用手指轻轻地往外揪几次，以免产生婴儿哺乳困难。（图13）

5．怀孕初期（头三个月）和后期（七个月以后）不能同房，以免引起早产、流产或产褥热。怀孕后两个月最好用淋浴洗澡。

## 4 - بۆلۈم هامىلدار بولغاندىن كېيىن قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك؟

1 - ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىش: سالامەتلىكى ياخشى بولغان هامىلدار ئاياللار بۇرۇنقىدەكلا خىزمەت بىلەن ئەمگەك قىلسا بولىۋېرىدۇ. يېزىلاردا ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتىرىشكە دىققەت قىلىپ، ئېغىر جىسمانى ئەمگەكتىن ساقلىنىپ ۋە يېتەرلىك ئۇيقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

2 - يېمەكلىك: ئوزۇقلىقى مول بولغان ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار مەسىلەن: يېڭى كۆكتات، پۇرچاق تۇرىدىكىلەر، ئاقسىل بىلەن گۆش قاتارلىقلارنى كۆپ يېيىش. غىدىقلىغۇچى ئاچچىق، چۇچۇمەل يېمەكلىكلەرنى ئاز يېيىش، ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە تۇزلۇق يېمەكلىكلەرنى ئاز يەپ ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (12-رەسىم)

3 - كىيىم - كېچەك: كەڭ - كاشادە مۇۋاپىق بولغان كىيىملەرنى كىيىپ، بەك تار كىيمەسلىك، بېلىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلىماسلىق (ئىشتان بېغىنى) كېرەك، ئۇنداق قىلغاندا ھامىلىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ.

4 - ھامىلدارلىقنىڭ 7 - ئېيىدىن كېيىن، ئەمچەك تۇگمىسى تېرىسىنىڭ چىڭ

بولۇشى ۋە يېرىلىپ يوقۇملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەمچەك تۈگمىسىنى ئىلمان سۇ بىلەن يۇيۇپ تىزرۇش لازىم. ئەگەر ئەمچەك تۈگمىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولسا ھەر قېتىم ئەمچەك تۈگمىسىنى يۇغاندا قول بارماقلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم يەڭگىل ھالدا سىرتقا تارتىپ بېرىش بىلەن تۇغۇتتىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئىمىشىگە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ( 13 - رەسىم ) لازىم.

5 - ھامىلدارلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرى (دەسلەپكى 3 ئېيى) بىلەن كېيىنكى (7-ئېيىدىن كېيىن) دەۋرىدە بالدۇر تۇغۇش، بويىدىن ئاجراپ كېتىش ياكى تۇغۇت قىزىتمىسى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىنسى ئالاقە قىلماسلىق، ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 2 ئېيىدا ئەڭ ياخشىسى دۇچتا يۇيۇنۇش لازىم.





图12　孕期卫生　　12 - رەسىم ھامىلدارلىق مەزگىلدىكى تازىلىق





图13　　　　轻轻往外揪奶头

13 - رەسىم ئەمچەك تۈگمىسىنى يەڭگىل ھالدا سىرتقا تارتىپ بېرىش

# 第三章　产前检查

## 第一节　为什么要重视产前检查

妇女怀孕后，身体各个器官有很大变化，抵抗力也降低。为了保护母亲和胎儿的健康，避免孕期和临产时发生意外，必须做好产前检查。通过定期检查，可以知道骨盆大小和胎儿、母亲的变化情况，如有疾病，可以早发现、早防治。有胎位不正可以及时纠正，商量好分娩办法。对患有某些先天性、遗传性疾病的孕妇可及早终止妊娠，并指导孕期卫生。

孕妇在怀孕三个月做第一次产前检查，怀孕六个月后每月检查一次，怀孕八个月后每两周检查一次，怀孕最后一个月每周检查一次。

胎儿在子的位置有三种：

头位：就是头在下方，臀（屁股）在上面，这是正常胎位（图14、15）。

臀位：俗称“倒养”或“立生”，就是头在上面（图16）。

横位：就是胎儿身体横在子宫里，头和臀在子宫的左右两边（图17）。

臀位和横位都是不正常的胎位。

纠正的方法：在孕七个月后发现有胎位不正时，让产妇作膝胸卧位（图18），每日早上

上起来，晚上临睡以前各做一次，每次15分钟左右，一周后进行复查。同时也可针灸，在足小趾外侧趾甲角旁约0.1寸处，浅刺0.1寸，先针后灸，灸15分钟后作膝胸卧位，以提高效果（图19、20）。如果连续两周胎位还没有顺当过来，就要找有经验的助产士进行处理。

# 3 - باپ: تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈش

## 1 - بۆلۈم نېمە ئۈچۈن تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلىمىز

ھامىلدار بولغاندىن كېيىن بەدەننىڭ ھەر قايسى ئورگانلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، قارشىلىق كۈچىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. ئانا ۋە ھامىلىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاش، ھامىلدارلىق دەۋرى بىلەن تۇغۇتقا يېقىنلاشقان چاغدا كۈتۈلمىگەن ھادىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇغۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرۈشنى ياخشى ئىشلەش زۆرۈر. مۇددەتلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، داس سۆڭىكىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ھامىلە ۋە ئانىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر كېسەللىك بولسا ۋاقتىدا سېزىپ، ۋاقتىدا داۋالاپ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھامىلە ئورنى توغرا بولمىسا ۋاقتىدا تۈزەپ تۇغۇش ئۇسۇلىنى مەسلىھەتلىشىشكە بولىدۇ. بەزىبىر تۇغما ۋە ئىرسىيەت خاراكتېرلىق كېسەللىكى بار ھامىلدار ئاياللارنىڭ بالدۇرراق ھامىلدارلىقنى توختىتىشنى ۋە ھامىلدارلىق دەۋرىدىكى تازىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ھامىلدار بولغان ئاياللار 3 ئاي بولغاندا 1 - قېتىم تۇ-

غۇتتىن بۇرۇن تەكشۈرتىش، ھامىلدار بولۇپ 6 ئايدىن كېيىن ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرتىش، ھامىلدار بولۇپ 8 ئايدىن كېيىن ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تەكشۈرتىش، ھامىلدارلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن تەكشۈرتىش لازىم.

ھامىلىنىڭ بالىياتقۇدىكى ئورنى 3 خىل بولىدۇ.

باش بىلەن كېلىش: بۇنىڭدا بېشى تۆۋەن تەرەپتە، ساغرىسى يۇقۇرى تەرەپتە بولۇپ بۇ نورمالنى ھامىلە ئورنى دېيىلىدۇ. (14 - 15 - رەسىم)

ساغرىسى بىلەن كېلىش: تەتۈر كېلىش، تىك كېلىش دەپ ئاتىلىپ بېشى ئۈستى تەرەپتە بولىدۇ. (16 - رەسىم)

توغرىسىغا كېلىش: ھامىلىنىڭ بەدىنى بالىياتقۇ ئىچىدە توغرىسىغا تۇرىدۇ. بېشى بىلەن ساغرىسى بالىياتقۇنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدە بولىدۇ. (17 - رەسىم)

ساغرىسى بىلەن توغرىسىغا كېلىشنىڭ ھەممىسى نورمالسىز ھامىلە ئورنى بولىدۇ.


تۈزەش ئۇسۇلى: ھامىلدارلىقنىڭ 7 ئېيىدىن كېيىن ھامىلە ئورنىنىڭ نورمال بولمىغانلىقى سېزىلسە، ھامىلدار ئايالنى تىزىنى ئىككىي كۆكرىگىگە يەرگە تەككۈزۈپ دوگىغۇيۇپ يې

تىپ بېرىشكە ئۇندەش كېرەك (18 - رەسىم)

ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر قېتىم ئىشلەش، ھەر قېتىملىق ئىشلەش ۋاقتى 15 مىنوت ئەتراپىدا بولۇشى، بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتا تەكشۈرتىپ بېقىش شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرۇق يىڭنىنى پۇت بارماقلىرىنىڭ يان تەرىپى، تىرناق بۆلىگىنىڭ 0.1 سۇڭ ئورنىغا يۈزە سانجىش، ئالدى بىلەن يىڭنە سانجىپ كېيىن داغلاش، 15 مىنوتتىن كېيىن تىزىنى ئىگىپ مەيدىسىنى يەرگە قويۇپ يېتىپ ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتىرىش كېرەك. (19 - 20 - رەسىم) ئەگەر ئۇدا ئىككى ھەپتە ئىشلەپ، ھامىلە ئورنى تۈزەلمىسە تەجرىبىلىك ئاكۇشىرنى تېپىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

15- رەسىم. باش بىلەن كېلىش (نورمال ھامىلە ئورنىنىڭ ئالدى تەرەپتىن كۆرۈنۈشى)

14图 头位（正常胎位，从正面看）



15图 头位（正常胎位，从侧面看）

14 - رەسىم. باش بىلەن كېلىش (نورمال ھامىلە ئورنىنىڭ يان تەرەپتىن كۆرۈنۈشى)

